## 11498 ـ زىنا قىلىش پىكرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك

**سۇئال**

مۇسۇلمان ئەر ياكى ئايالنىڭ كۆڭلىدە زىنا قىلىش توغرىسىدا پىكىر پەيدا بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگار بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

زىنا قىلىش توغرىسىدا پىكىر قىلىش بولسا تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ؛

بىرىنچى: بۇ ھەقتىكى ئويلاش ئىنسان قەلبىگە ئورنىماستىن پەقەت كۆڭۈلدىن كېچىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئىنساندىن ئۇنىڭ ھېسابى ئېلىنمايدۇ، ياخشىسى كىيىنكى يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەزكۇر پىكرنى يوق قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

ئىككىنچى: زىنا قىلىشنى كەسكىن ئىرادە ۋە نىيەت بىلەن پىكىر قىلىش. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنسان بۇنىڭغا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ چارىسىنى كۆرۈش مۇمكىن:

1–تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدا كەسكىن پىكىر قىلىش. چۈنكى نىكاھلىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمان ئەر-ئاياللار شەرئى ئىززىتى ۋە پاكلىق ئىپپىتىنى ساقلايدۇ.

2– نەپلە روزا تۇتۇش. مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار كۆپ روزا تۇتۇشى لازىم.

3– مۇسۇلمان ئەر ياكى قىز-خانىملار قۇرئان كەرىمنى ھەركۈنى تىلاۋەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، نەپلە نامازلارغا ھېرىسمەن بولۇش، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى كۈچلاندۇرشى لازىم.

4– دوست-بۇرادەرلەرنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5– شەھۋەتنى قوزغايدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردىن، شۇنداقلا شەيتانى ھەۋەسلەرگە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ۋاستىلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

6–زىنانىڭ ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى جازاسىنى ئەسلەش لازىم. چۈنكى زىنانىڭ ئاقىۋىتى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قەبىھ بولۇپ، زىنا قىلغۇچىلارئۆزى لەززەت دەپ قارىغان بىرقانچە مىنۇت، دائىملىق ئازابقا نىسبەتەن

هیچ نەرسگە ئەرزیمەیدۇ.